شىنجاڭ گېزىتى

2019 - يىل 8 - ئاي
5
دۈشەنبە
维吾尔文 8月5日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65－0002/－W
新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1－57   ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com   24778 - سان   بۈگۈن 4 بەت

ئالدىنقى يېرىم يىلدا شىنجاڭ ساياھەتچىلىكى شىددەت بىلەن ئاشتى

جەمئىي كۈتۈۋېلىنغان ساياھەتچى 75 مىليون 893 مىڭ 500 ئادەم قېتىم، ئىشقا ئاشۇرۇلغان ساياھەت كىرىمى 115 مىليارد 206 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن ئايرىم - ئايرىم ھالدا 46.00%، 47.96% ئاشتى

مۇخبىرىمىز **ياۋ گاڭ**نىڭ ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، ئۈچىنچى تەرەپ شىركەتنىڭ تەكشۈرۈپ ئىستاتىستىكا قىلىشىچە، بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدا، شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىدە شىددەت بىلەن ئېشىش كۆرۈلۈپ، جەمئىي كۈتۈۋېلىنغان ساياھەتچى 75 مىليون 893 مىڭ 500 ئادەم قېتىمغا يېتىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 46.00% ئاشقان؛ ئىشقا ئاشۇرۇلغان ساياھەت كىرىمى 115 مىليارد 206 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 47.96% ئاشقان.

مۇقىملىق پايدىسىنىڭ سىجىل قويۇپ بېرىلىشى ۋە شىنجاڭنى ساياھەت ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنىڭ زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىلىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭنىڭ تەبىئىي مەنزىرىسى، مىللىي ئۆرپ - ئادىتى نۇرغۇن ساياھەتچىنى جەلپ قىلىپ، «شىنجاڭ ياخشى جاي» ساياھەت ماركىسى بارغانسېرى جىلۋىلەندى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئاپتونوم رايون 7 - قېتىملىق مەملىكەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى ئاچتى

يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك

چېن چۇەنگو سۆز قىلدى   شۆھرەت زاكىر رىياسەتچىلىك قىلدى   شاۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئابىلمەجىن، سۈن جىنلۇڭ قاتناشتى

مۇخبىرىمىز **ياۋ تۇڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 8 - ئاينىڭ 4 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايون 7 - قېتىملىق مەملىكەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى ئاچتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى پارتكومىنىڭ 1 - شۇجىسى، 1 - جېڭۋېيى چېن چۇەنگو يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، 7 - قېتىملىق مەملىكەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەسلي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ھەققىي تۇتۇپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، بوشاشماي كۈرەش قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

يىغىندا رەئىس ۋاڭ ياڭ ۋە بۆلۈم باشلىقى يۈ چۈەننىڭ 7 - قېتىملىق مەملىكەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان سۆزىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شاۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئابىلمەجىن، سۈن جىنلۇڭ، لىيۇ ۋەنلۇڭ، لى ۋېي، ئەركىن تۇنىياز، ۋاڭ جۇنجېڭ، تيەن ۋېن، جى جىبىڭ، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن قاتناشتى.

چېن چۇەنگو مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خوتەندە 7 - قېتىملىق مەملىكەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى يىغىنى ئاچقانلىقى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىغا بولغان غەمخورلۇقى، چوڭقۇر مۇھەببىتىنى تولۇق نامايان قىلدى، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنى، ۋەتەن چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئىللىقلىقىنى ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرى بىر ئائىلە كىشىلىرى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى. رەئىس ۋاڭ ياڭنىڭ مۇھىم سۆزىدە شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى تولۇق سىڭدۈرۈلگەن، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى توغرىسىدىكى تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇلغان،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بەنگۇڭتىڭى «ئاپتونوم رايوننىڭ كادىرلارنىڭ خاتالىقنى سىغدۇرۇش، خاتالىقنى تۈزىتىش ۋاقىتلىق چارىسى»نى بېسىپ تارقاتتى

مۇخبىرىمىز **جاڭ يۈنپېي** خەۋەر قىلىدۇ: يېقىندا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بەنگۇڭتىڭى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى بېسىپ تارقاتقان «كەڭ كادىرلارنى يېڭى دەۋردە يېڭى مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ يېڭى نەتىجە يارىتىشقا يەنىمۇ رىغبەتلەندۈرۈش توغرىسىدىكى پىكىر» ۋە ئالاقىدار پارتىيە ئىچىدىكى نىزام، ئالاقىدار قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كادىرلارنىڭ خاتالىقنى سىغدۇرۇش، خاتالىقنى تۈزىتىش ۋاقىتلىق چارىسى»(تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «چارە» دېيىلدۇ)نى بېسىپ تارقاتتى ھەم ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار، ئورۇنلاردىن ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

ئىگىلىنىشىچە، خاتالىقنى سىغدۇرۇش، خاتالىقنى تۈزىتىش — كادىرلار ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش، ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىش جەريانىدا، سۇبيېكتىپ قەستەنلىك قىلماي ئېغىش،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

لىيۇ يۈڭفۇ قەشقەر، خوتەن ۋىلايىتىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنداق تەكىتلىدى

مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىپ، دىققەتنى مۇھىم نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك

مۇخبىرىمىز **ۋاڭ شىگرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 4 - كۈنىگىچە، گوۋۇيۈەن نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇدىر لىيۇ يۈڭفۇ «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»تىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ۋە ئىستىمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى قانات يايدۇرۇشنى چۆرىدەپ، قەشقەر، خوتەن ۋىلايىتىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ھەم جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ھەم ئىستىمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش بويىچە دوكلات بېرىش يىغىنى، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ھەم ئىستىمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش سۆھبەت يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پارتگۇرۇپپىسى نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسىنىڭ ئۆگىنىشنى ئۆتكۈزدى

نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىش كېرەك

مۇخبىرىمىز **يۈەن لىي** خەۋەر قىلىدۇ: 8 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 2019 - يىللىق 8 - قېتىملىق نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسىنىڭ ئۆگىنىشىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانى چوڭقۇر ئۆگىنىلدى، ئىزچىللاشتۇرۇلدى، ھۆكۈمەت سىستېمىسىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى

ئاما توسۇلۇپ قالدىغان نۇقتىلارنى راۋانلاشتۇردى   كۈندىلىك ئامبۇلاتورىيەدە كېسەل كۆرسىتىدىغانلار 10 مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئاشتى

ئەسلي مەقسەتنى ئۇنتۇماي
بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

مۇخبىرىمىز **چاۋ جىن** خەۋەر قىلىدۇ: 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سائەت 11دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ ئامبۇلاتورىيە زالىدا، لىيۇ ئەپەندى بالىسىنى ئېلىپ بالىلار بۆلۈمى ئامبۇلاتورىيەسىگە كەلدى، ئۇ ئۈندىداردا ئالدىن كېلىشكەن مۇتەخەسسىس نومۇرىنىڭ ۋاقتى سائەت 11:50تىن 12:50كىچە بولۇپ، ئۇ سېستىرالار سۇپىسىغا بېرىپ كېسەل كۆرسىتىش كارتىسىنى سۈرىكگەندىن كېيىن ساقلاش رايونىدا بىردەم ئولتۇردى، ئېلېكترونلۇق چوڭ ئېكراندا بالىنىڭ ئىسمى كۆرۈندى، لىيۇ ئەپەندى بالىسىنى باشلاپ كېسەل كۆرسىتىش ئۆيىگە كىرىپ كېسەل كۆرسەتتى. «ھازىر دوختۇرخانىغا بالدۇر كېلىپ ئۆچىرەتتە تۇرۇش ھاجەتسىز،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

شىنجاڭ گېزىتخانىسى
يېڭى تارقاتقۇلىرى سىيى
新疆头条 APP
微信公众号
新疆日报网
天山网 APP

سەلتەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر
تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرى توغرىسىدا زىيارەت

ئالدىنقى ئالتە ئايدا ئالاتاۋنىڭ تەۋەلىك سودا سوممىسى 283% ئاشتى

گېزىتىمىزنىڭ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرى **ما جيەنلۇڭ، ما يىنىڭ، سۈڭ ياۋېن** خەۋەر قىلىدۇ: بۇ يىل 1 - ئايدىن 6 - ئايغىچە، ئالاتاۋ ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايونىدا تاماملانغان تەۋەلىك سودا سوممىسى 1 مىليارد 360 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 283.09% ئاشتى؛ تاماملانغان ئىمپورت - ئېكسپورت مال ترانسپورت مىقدارى 370 مىڭ توننا بولۇپ، ئىمپورت - ئېكسپورت سودا قىممىتى 2 مىليارد 510 مىليون يۈەن بولدى.

ھازىرغىچە، ئالاتاۋ پورتىدىن قاتنايدىغان جۇڭگو - ياۋروپا، جۇڭگو - ئاسىيا نۆۋەتچى پويىز لىنىيەسىدىن 61ى بار بولۇپ، جەمئىي قاتناتقان پويىز 10مىڭ 334تىن ئېشىپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە قاتنايدىغان نۆۋەتچى پويىز ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 70%ىگە يېقىنىنى ئىگىلىدى. ئالاتاۋدىن غەربكە يۈرۈپ، چېگرا سىرتىدا ياۋروپا، ئاسىيادىكى 59 شەھەر بىلەن تۇتىشىپ، چېگرا ئىچىدە نۆۋەتچى پويىز قاتنايدىغان 54 شەھەرنى ئۇدۇللاشتۇرۇپ، خەلقئارا ئەشيا ئوبوروت يولىنىڭ تۈگۈنلۈك ئورنىنى ساقلىدى.

ئالدىراش ئالاتاۋ بېكىتى (7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى تارتىلغان).   □مۇخبىرىمىز خەن لياڭ فوتوسى

ئالاتاۋ تاموژنىسى تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈش ھالقىسىنى يەنىمۇ بىرىكتۈرۈش، تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈش تەرتىپىنى سەرخىللاشتۇرۇش ئارقىلىق، جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى «مەخسۇس يول»نى تەسىس قىلدى: خىزمەت ۋاقتىدا ئالدىنئالا تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈپ، خىزمەت ۋاقتىدىن باشقا چاغدا ئالدىن كېلىشىپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈپ، كېچىدە قاچان كەلسە شۇ چاغدا ئۆتكۈزۈپ، جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنى تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈشنىڭ 24 سائەت ئۈزۈلۈپ قالماسلىقى، 365 كۈن توختاپ قالماسلىقىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلدى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

شىنجاڭنىڭ ئېلېكترو قۇرۇلۇشى پەنلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ھارماي ئىزدىنىش

— شىنجاڭ داشۆسى ئېلېكترو قۇرۇلۇشى شۆبىسىنى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شۆبە مۇدىرى جوۋ يۈەنشياڭ توغرىسىدا

□مۇخبىرىمىز جاۋ شيا

يېقىندا مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى 2019 - يىللىق «چېگرا رايونغا ياردەم بەرگۈچى ئەڭ گۈزەل شەخس»لەرنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرىنى ئېلان قىلدى، شىنجاڭ داشۆسى ئېلېكترو قۇرۇلۇشى شۆبىسىنى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شۆبە مۇدىرى جوۋ يۈەنشياڭ «چېگرا رايونغا ياردەم بەرگۈچى ئەڭ گۈزەل شەخس» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى. 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، مۇخبىر جوۋ يۈەنشياڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى ئۈستىدە توختالغاندا، چىڭخۇا داشۆسىنىڭ ماشىنا ۋە ئېلېكترو شىسىدىن كەلگەن بۇ 53 ياشلىق پىروفېسسورنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى، ئۇنىڭ سۆزىدىن شىنجاڭغا، ئېلېكترو قۇرۇلۇشى ساھەسىدىكى تەتقىقاتقا بولغان تولۇپ تاشقان قىزغىنلىقى چىقىپ تۇراتتى.

2017 - يىلى 9 - ئايدا، جوۋ يۈەنشياڭ مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ 9 - تۈركۈمدىكى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىدىغان كادىرلىرىنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، شىنجاڭغا كېلىپ شىنجاڭ داشۆسى ئېلېكترو قۇرۇلۇشى شۆبىسىنى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شۆبە مۇدىرى بولدى. جوۋ يۈەنشياڭ شۆبىسىنىڭ پەنلەر تەرەققىياتىدا ساقلىنىۋاتقان ئىختىساسلىقلار كەمچىل بولۇش، پەنلەر سىستېمىسى تەكۈز بولماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئانالىز قىلىپ، پەنلەر تەرەققىياتىدىكى كەمتۈكلۈككە قارىتا كېسەلگە قاراپ دورا بېرىپ، ئېلېكترو قۇرۇلۇشى پېنىنى مەملىكەت بويىچە پەنلەرنى باھالاشتا ئالدىنقى 40%ى ئىچىگە كىرگۈزۈش تەرەققىيات نىشانىنى پىلانلىدى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان شەخسلەرنىڭ خىسلىتى

[ئىلاۋە]

7 - قېتىملىق مەملىكەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان كەڭ كادىرلار، ئىختىساسلىقلارنىڭ چېگرا رايوندا يىلتىز تارتىش، خالىس تۆھپە قوشۇش روھى ۋە قالتىس ئىپادىسى، پۇختا خىزمىتى ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكى ئۈچۈن قوشقان مۇھىم تۆھپىسىنى تولۇق تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن، بۈگۈندىن باشلاپ، گېزىتىمىز «شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان شەخسلەرنىڭ خىسلىتى» ئىستونىدا شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان بىر تۈركۈم تىپىك شەخسلەرنى خەۋەر قىلىدۇ، دىققەت قىلغايسىلەر.